## 119858 ـ يولدىشىم تۆرەلمىنى چۈشۈرىۋەتمىسەڭ تالاق قىلىۋېتىمەن دەپ تەھدىت سېلىۋاتىدۇ

### سۇئال

مەن تويي قىلغان، ئىككى پەرزەنتىم بار، يولدىشىمنىڭ تەلىپى بويىۇنچە ئېھتىيات قىلىپ ھامىلدار بولماسلىققا تىرىشقان بولساممۇ لېكىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بويىۇمدا قالدى. تۆرەلمە ئۈچ ھەپتىلىك بولغاندا يولدىشىمغا ئېيتسام، ئۇ ئاچچىقلىنىپ تۆرەلمىنى دەرھال چۈشۈرىۋەتمىسەڭ سېنى تالاق قىلىۋېتىمەن دەپ ئاچچىقلاپ كەتتى، سىلەرنىڭ بۇ ھەقتە ماڭا مەسلىھەت بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بىز بۇ ھەقتە ئىلگىرىكى سوئاللاردا جاۋاپ بەرگىنىمىزدەك، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشى بىلەن جاۋاب بېرىمىز.

بەزى ئۆلىمالار تۆرەلمىنى قىرىق كۈنلۈك بولۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈرۈۋېتىسە دۇرۇس بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزى ئۆلىمالار ھامىلە بولۇش سەۋەبلىك مەلۇم قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدىغان بولسا جايىز بولىدۇ دەپ قارايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى چوڭ ئۆلىمالار بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل كۆز قاراشتا:

بىرىنچى كۆز قاراش: قاتتىق قىيىنچىلىق ۋە شەرئى دەلىل بولمىغان ئەھۋالدا ھەر قانداق ۋەزىيەت ئاستىدا تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش دۇرۇس ئەمەس.

ئىككىنچى كۆز قاراش: مەلۇم قىيىنچىلىق ۋە زۆرۈر بولغاندا تۆرەلمىنى قىرىق كۈنلۈك بولۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈرۈۋېتىسە دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما ھازىرقى پەرزەنتلىرىمىز يېتەرلىك، ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا ئۇچرايمىز، تەربىيەلەشكە راسخوت يېتىشمەيدۇ دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن چۈشۈرۈۋېتىش جايىز ئەمەس.

يولدىشىڭىز چۈشۈرىۋەتمىسەڭ تالاق قىلىۋېتىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان بولسا تۆرەلمىنى قىرىق كۈنلۈك بولۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈرىۋەتسىڭىز سىز ئۈچۈن گۇناھ بولمايدۇ. شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان دەلىللەردە تۆرەلمىنى چۈشۈرىۋېتىشنىڭ دەلىل ئىسپاتلىرىنى تولۇق سۆزلىدۇق، لېكىن چۈشۈرىۋەتمىسە بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا قىرىق كۈنلۈك بولۇشتىن ئىلگىرى بولسا بولىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر